ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كەسكىن جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭغا كەلگەن، شىنجاڭغا قايتقان كىشىلەرنى تولۇق تەكشۈرۈش ۋە سالامەتلىكىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى ياخشى ئىشلەپ، گۇمانىي كىشىلەر، قىزىپ قالغان كىشىلەر، قويۇق ئۇچراشقان كىشىلەرگە قارىتا ئايرىۋېتىش، قالدۇرۇپ كۆزىتىش، تەكشۈرۈش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتناش قوراللىرى، مەيدان ـ بېكەتلەرنى دېزىنفېكسىيەلەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇم مەنبەسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك؛ بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاشتا چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، نۇقتىلىق رايونلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ھەل قىلغۇچ قەدەمنى ياخشى تاشلاپ، تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك؛ ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەۋزەل بايلىق كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سەرخىللاشتۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئاممىۋى ساھىيە ئىشلىرىنىڭ قانۇنچىللىق كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى ۋە مۇھىم، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاش سۈرئىتى ۋە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، بىرلىككە كەلگەن جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك؛ داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ۋە تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «ئاشلىق» «كۆك ـ تاق» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەم، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاپ، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى تۇتۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئۈچنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا چېتىلىدىغان نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىدىغان تۈرلۈك سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەتراپلىق، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى پائال كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم يۈرۈشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئېسىل ئىستىل بىلەن چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە پەۋقۇلئاددە مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، پەۋقۇلئاددە ماھارەتنى ئىشقا سېلىپ، پەۋقۇلئاددە نەتىجە يارىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بەرداشلىق بېرىپ، جان پىدالىق كۆرسىتىپ، ئىشەنچلىك بولۇپ، تىرىشىپ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ سىردىشى ۋە تايانچى بولۇشى كېرەك؛ شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى قەتئىي توسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ياخشى يۈزلىنىش ئارقىلىق مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، پولاتتەك ئىنتىزام ئارقىلىق پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولۇشنى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لىۋ ۋېنلۇڭ، لى ۋېي، شۇ خېيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۇنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نەق مەيداندا قوبۇل قىلىشنى تەشكىللىۋاتقان داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئالاقىلەشكۈچىسى خۇاڭ لياڭ تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «يۇرتىمىزدىكى يۇرتداشلارغا رەھمەت، مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرۇپ بىزدەك بىرىنچى سەپتە كۈرەش قىلىۋاتقان ئاق خالاتلىق جەڭچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپتۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭلىق ئىكەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن!»

شۇ كۈنى كەچتە، شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى، بىڭتۇەن داۋالاش ئەترىتى ھەمدە شۇ جايدىكى دوختۇرخانىلاردىكى تېببىي خادىملارنىڭ ھەممىسى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن كەلگەن بۇ «شىنجاڭ شېرىن تەمى»نى تاپشۇرۇۋالدى.

«لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان كۈنلەردە، يۇرتىمىز خەلقىنىڭ مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن ئەۋەتكەن ئالمىسىغا رەھمەت ئېيتىمىز، بەك تاتلىق ئىكەن، بىز ئىنتايىن ئىللىقلىق ھېس قىلدۇق، زور ئىلھام ئالدۇق، چوقۇم پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، بۇ قېتىمقى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋەزىپىسىنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملايمىز!» 1 ـ تۈركۈمدىكى داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى جوۋ لىنا بىلەن گېي جۈەن ئالمىنى قولىغا ئېلىپ خۇشال يېيىشكە باشلىدى.

ئونسۇ ناھىيەسىدىن كەلگەن بۇ ئالمىلار شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىغا يەتكۈزۈلۈپلا قالماي، يەنە دوختۇرخاندا داۋالىنىۋاتقان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنىمۇ ھەقىقىي «شىنجاڭ شېرىن تەمى»نى تېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئاغرىق لىن خانىم (ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم) بۇ «تاتلىق سوۋغا»نى تاپشۇرۇۋالغاندا، سەل بوغۇلۇپ يىغلىغان ھالدا مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ ۋۇخەنگە ياردەم بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، بىزنىڭ ھاياتىمىزنى قۇتقۇزغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمىز. تېببىي خادىملارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن جاپا چەكتى، ھەر كۈنى بىزگە ئىنچىكە، ئەتراپلىق غەمخورلۇق قىلىدۇ، بۈگۈن يەنە ئاقسۇ ئالمىسى ئېلىپ كەپتۇ، بىز بەكلا تەسىرلەندۇق!»

ئىگىلىنىشچە، يېقىندا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى مېھىر ـ شەپقەت مېۋىسى ئىئانە قىلىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەشكىللەپ، 100 توننىدىن ئارتۇق ئاقسۇ ئالمىسى، كورلا نەشپۈتى ئارقا ـ ئارقىدىن خۇبېينىڭ ۋۇخەن، ئېجوۋ، خۇاڭگاڭ قاتارلىق جايلىرىغا توشۇلغان. شىنجاڭنىڭ شېرىن ـ شېكەر خاس مېۋىلىرىگە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تىلىكى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدا تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ خۇبېي خەلقى بىلەن بىرلىكتە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش ئىشەنچى، ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەڭگۈلۈك ئەپسۇسلىنىش

رۇقىيەم ئەسلىدە ئائىلىسىدىكىلىرى ۋە دوستلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان چېچەن قىز بولۇپ، چىرايلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ناھايىتى ئىش ئۇقاتتى. بالىلارنىڭ چوڭى بولغاچقا، داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشنى تاللىغان. رۇقىيەم مۇنداق دېدى: «ئەسلىدە ئاتا ـ ئانامنىڭ ھالىدىن كۆپرەك خەۋەر ئالاي دەپ ئويلىغاندىم، ئاتا ـ ئانامنى ئەڭ چوڭقۇر ئازابلىغان ئادەم بولۇپ قېلىشىمنى ئويلىماپتىكەنمەن».

رۇقىيەمنىڭ ھازىرغىچە كۆڭلىدىن چىقىرالمايدىغىنى، ئۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغاچقا، دادىسىنىڭ خەنزۇ دوستلىرى بىلەن يىغىلىپ ئولتۇرۇشىنى توسۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا دادىسىنى «كاپىر» دەپ تىللىغانلىقى، كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئىكەن. «شۇ قېتىم ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىمنىڭ مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.» رۇقىيەم كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن دادامنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا ئانام ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىمنى يىغلىغىلى قويمىدىم، ئانام ئاچچىقىدا مېنى ئۇرۇپ تاشلىدى».

«ئىلگىرىكى بىمەنە قىلمىشلىرىمنى ئويلىسام، شۇ چاغدا ساراڭلىق قىپتىكەنمەن.» ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆزۈم قەدەممۇقەدەم ھالاكەتكە قاراپ مېڭىپتىمەن.

رۇقىيەم داشۆنى ئەمدىلا پۈتكۈزگەن ئاشۇ چاغلىرىنى ئىنتايىن سېغىنىدىكەن، ھەر كۈنى مودا كىيىملەرنى كىيىپ ئىشقا باراتتىكەن، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ياخشى تاماق ئېتىپ ساقلاپ تۇراتتىكەن. ئۇ چاغلاردا، ئۇ ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ئادەم ھېس قىلاتتىكەن.

تەخمىنەن 2013 ـ يىلىدىكى، مەلۇم مەزگىلدە كوچىدا كېتىۋاتقاندا، دائىم بەزىلەر رۇقىيەمنى ئەيىبلەپ: «مۇسۇلمان ئاياللىرى مۇشۇنداق كىيىنىپ يۈرسە، ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا كىرىدۇ» دەيتتى. كېيىن بەزىلەر ئۇدۇللا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىللىغان. ئۇ ئازراق قورقۇپ، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدىغان بولغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قېتىم كاماندىروپكىغا چىققاندا رۇقىيەم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاسارىتىگە ئۇزۇل ـ كېسىل چۈشۈپ قالغان. «كاماندىروپكىغا چىقىش سەپىرىدە مەن بىر سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، پاراڭلىشىپ بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئالاقىلىشىش نومۇرىمىزنى ساقلىۋالدۇق.» رۇقىيەم مۇنداق دېدى: بۇنىڭ قاباھەتلىك چۈشنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن.

بۇ ئادەم دائىم ئۇنىڭغا بەزى قانۇنسىز سىنالارنى يوللاپ بەرگەن، ئۇنىڭ ھەممىسى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىدىغان مەزمۇنلار ئىدى. «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ھەممىسى كاپىر بولۇپ، كاپىرلارنى ئۆلتۈرگەندىلا جەننەتكە كىرگىلى بولىدىكەن» دېدى رۇقىيەم، «كۆرۈۋېرىپ ئىدىيەممۇ تەۋرەندى».

ئۇ ئۆيدىكى بارلىق گىرىم بۇيۇملىرىنى تاشلىۋەتكەن، ئۆزى نىقابلىق كىيىم كىيىپلا قالماي، يەنە ئائىلىسىدىكىلەردىن «تەقۋادار مۇسۇلمان» بولۇشنى تەلەپ قىلغان. ئاتا ـ ئانىسى چىداپ تۇرالماي، كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، جېدەل بىلەن ئاخىرلاشقان. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئانىسى قىزىدىن ئەنسىرەپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى تېپىپ بىرلىكتە نەسىھەت قىلغان، ئاخىرىدا رۇقىيەم قاغىلىق ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ تەربىيەلىنىشكە قاتناشقان.

كىشىلىك ھاياتتىكى ئىككىنچى دەرسخانا

رۇقىيەم تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ئىككىنچى دەرسخانا دەيدىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەگەر تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بولمىسا، مەن ئاللىقاچان تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى».

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىن، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، رۇقىيەم كاللىسىدىكى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى يوقاتقان. «دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن دىنىي باغلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك مەقسىتى ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭنى بۆلۈۋېتىش مەقسىتىگە يېتىشتۇر.» رۇقىيەم مۇنداق دېدى: ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشكە تاسلا قاپتىمەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ كەلدى.

«شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون، ئىسلام دىنى ئۇيغۇر مىللىتى ئەلمىساقتىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىن ئەمەس ھەم بىردىنبىر ئېتىقاد قىلغان دىن ئەمەس...» رۇقىيەم مۇنداق دېدى: تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزۈمنىڭ نادانلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ يەتتىم. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، رۇقىيەم كىتاب ئوقۇش ئۆيىگە بېرىپ كىتاب كۆرۈپتۇ. «كىتاب ئوقۇش ئادەمنى ئەقىللىق قىلىدىكەن، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىكەن» دېدى ئۇ. بۇلا ئەمەس، ئۇ يەنە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان سىڭلىسىنى كۆپرەك كىتاب كۆرۈپ، كىتاب كۆرىدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرغان.

رۇقىيەمنىڭ ئېسىدىن ئەڭ چىقمايدىغىنى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۇ يەنە رىياسەتچى بولۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. «ئىلگىرى سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىغاندىم، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن، ئاخىر سەھنىگە چىقتىم.» رۇقىيەم ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: تەلەپپۇز، چىراي ئىپادىسىدىن ھەرىكەتكىچە كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار قولمۇقول يېتەكچىلىك قىلدى، ھازىر سەھنىدە تۇرسام جىددىيلەشمەيدىغان بولدۇم.

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، رۇقىيەم ئورگان ئورۇن ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى بولۇپ، ئاساسلىقى ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆيۈنۈش

تۇنجى قېتىم يېزىدىكى مۇناسىۋەتلىك خىزمەت بىلەن ئۇچراشقاندا، رۇقىيەم ئانچە كۆنەلمىدى. «دەسلەپتە ئۆزۈمنىڭ ياخشى قىلالماسلىقىمدىن ئەندىشە قىلغاندىم، كېيىن خىزمەتداشلىرىمنىڭ قىزغىن ياردىمى مېنى ئەندىشىدىن خالاس قىلدى.» رۇقىيەم مۇنداق دېدى: ئىشخانىدىكى ھەربىر ئادەم ماڭا قىزغىنلىق بىلەن قانداق قىلىشنى ئۆگەتتى. دەسلەپتىكى ماتېرىيال رەتلەشتىن ئارخىپنى تۈرگە ئايرىشقىچە، يەنە ھازىرقى رەھبەرلەر تاپشۇرغان ۋەزىپىنى مۇستەقىل تاماملاشقىچە، كەلگۈسى خىزمەتكە نىسبەتەن ئىشەنچكە تولدۇم.

زىيارەت ئاخىرلىشاي دېگەندە، رۇقىيەم ئانىسىدىن كەلگەن تېلېفوننى ئالدى، تېلېفوندا ئانىسى قىزىدىن كەچتە نېمە يېگۈسى بارلىقىنى سورىدى، ئاخىرىدا ئىككىيلەن كەچتە بىللە خوگو يېيىشنى مەسلىھەتلەشتى، چۈنكى رۇقىيەمگە بايىلا مائاش تارقىتىلغانىدى.

رۇقىيەمنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئۇنىڭغا ھېس قىلمىغىلى ئۇزاق بولغان بەخت تۇيغۇسىنى قايتىدىن تاپقۇزغان. ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە، ئانىسى دائىم ئۇ ياخشى كۆرىدىغان تاماقلارنى ئېتىپ بېرىدىكەن. ئەپسۇسلىنىدىغىنى دادىسىنىڭ يوقلۇقى ئىكەن، شۇڭا ئۇ ھازىر خىزمەتنى ياخشى قىلىشتىن باشقا، قالغان ۋاقىتتا ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆپرەك ھەمراھ بولۇشنى ئويلايدىكەن.

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، تۇنجى ئايلىق مائاشىنى ئالغاندا، رۇقىيەم ئانىسىنى ئېلىپ سودا سارايلىرىنى ئايلاندۇرۇپ، ئانىسىغا قىزىل رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەك ئېلىپ بەردى، يەنە سىڭىللىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم سوۋغات سېتىۋالدى. كېيىن ئۇ يەنە پۇل يىغىپ ئۆينى قايتىدىن بېزىدى. ئانىسى قىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، ئۇچرىغانلا كىشىگە قىزىم ناھايىتى ۋاپادار، دەپ ماختاپ، مېنىڭ بەختىم بار ئىكەن، دەيدىغان بولدى. چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى رۇقىيەم بىلەن سىڭىللىرىنىڭ ھەر بىرى ئىككى تەخسىدىن قورۇما تەييارلىدى، يەنە بىرلىكتە جىياۋزى تۈگدى، ئانىسىنى ئىش قىلدۇرمىدى، ئۇ يەنە ئۆيدىكى ھەربىر كىشىگە چاغانلىق سوۋغا تەييارلىدى، «يېڭى بىر يىلدا ئانامنىڭ تېنىنىڭ ساغلام بولۇشىنى، سىڭىللىرىمنىڭ ئوقۇشىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» يېڭى يىل قوڭغۇرىقىنىڭ چېلىنىشىغا ئەگىشىپ، رۇقىيەم ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى تىلىدى.

يېڭى بىر يىلدا رۇقىيەمنىڭ يەنە بىر پىلانى بار: ئۇ ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى ئېچىپ، ئىچكىرى رايوندىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان سىڭىللىرى بىلەن بىللە، يۇرتىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى يېزىق ۋە سۈرەت ئارقىلىق خاتىرىلەپ، تېخىمۇ كۆپ شىنجاڭلىققا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى چۈشەندۈرمەكچى، ئىچكىرى رايونلاردىكى تېخىمۇ كۆپ كىشىگە شىنجاڭنى چۈشەندۈرمەكچى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالىيجاناب روھنى يۈكسەك تەرىپلەپ، ئۇلارنىڭ غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى، مۇھىم، زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كەڭ تېببىي خادىملارنىڭ بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىشىغا ئىلھام بەردى ۋە رىغبەتلەندۈردى.

يۇقۇم — بۇيرۇق، ئاق خالات — جەڭ كىيىمى، دوختۇر سېسترالار — جەڭچى. ۋىرۇس ھە دەپ يامراۋاتقان يۇقۇم ئالدىدا، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، قانچە جاپالىق بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەشتەك قورقماس روھنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئاۋۋال ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئۇدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 200 دىن ئارتۇق داۋالاش ئەترىتى، 25 مىڭدىن ئارتۇق تېببىي خادىم خۇبېيغا تېزدىن بېرىپ ياردەم بەردى، ئارمىيەدىكى 1400 تېببىي خادىم ۋۇخەن خوشېنشەن دوختۇرخانىسىدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى. بەزى تېببىي خادىملار بەختكە قارشى ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملاندى، بەزىلىرى ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. دوختۇرخانا قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بىرىنچى سېپىدىن پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئالدىنقى سېپىگىچە، دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاغرىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتىن، ساقىيىش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەش، كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈش نىسبىتى داۋاملىق تۆۋەنلەشكىچە، ھەرقايسى جايلاردىن ئاغرىقلارنىڭ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلىقىدەك خۇشخەۋەرلەر ئۈزلۈكسىز تارقالدى. بۇ ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭدە، كەڭ تېببىي خادىملار ئالاھىدە جاپاغا چىداپ، ئالاھىدە جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ھاياتلىق مۇداپىئە لىنىيەسىنى قۇردى، كەسپىي جەھەتتە تىرەك بولدى. ھازىر، يۇقۇم ۋەزىيىتىدە ئىجابىي ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە پائال نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭدا كەڭ تېببىي خادىملارنىڭ تۆھپىسى زور! بىز تېببىي خادىملارغا ئىھتىرام بىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ پارتىيە، خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇشتەك ئالىيجاناب روھىغا ئىھتىرام بىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتەك قەتئىي ئېتىقادىغا ئىھتىرام بىلدۈرىمىز.

مەرد مەيداندا سىنىلار، ھەقىقىي ئالتۇن كۈچلۈك ئوتتا سىنىلار. بىرىنچى سەپتە تۇرۇۋاتقان ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر قەيسەر ئىرادىسى، پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ، قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچنى نامايان قىلىپ، ئاغرىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى، مىليونلىغان خەلقنى تەسىرلەندۈردى. 84 ياشقا كىرگەن جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى جۇڭ نەنشەن جاپا ـ مۇشەققەتتىن باش تارتماي، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، بىرىنچى ۋاقىتتا ۋۇخەنگە باردى؛ جەنۇب تېببىي داشۆسى جەنۇب دوختۇرخانىسى داۋالاش ئەترىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلىپ، «ئەگەر جەڭ بولسا، چاقىرغان ھامان كېلىمىز، جەڭدە چوقۇم غەلىبە قىلىمىز!» دەپ قەسەم قىلدى؛ خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنىدىكى خىللانغان ئەسكەرلەر جەڭگە ئاتلىنىپ، «پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى خاتىرجەم قىلىمىز» دېگەن جاراڭلىق ۋەدىنى بەردى؛ ۋۇخەن جىنيىنتەن دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دوختۇرخانا باشلىقى جاڭ دىڭيۇ مۇسكۇل يان خوردىسى قېتىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ يەنىلا ئەڭ ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلدى؛ ۋۇخەن جياڭشيا رايونى جىنكۇ شىپاخانىسىنىڭ فېنخۇ شۆبىسىدىكى «95 ـ يىلىدىن كېيىن تۇغۇلغان» ئايال دوختۇر گەن رۇيى ۋېلسىپىت مىنىپ تۆت كۈندۈز ئۈچ كېچە يول يۈرۈپ، يۇقۇمغا قارشى جەڭنىڭ بىرىنچى سېپىگە يېتىپ كەلدى... كەڭ تېببىي خادىملار ئېغىر يۈكنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، كېسەللىك بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشتى، ئۇلار يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر. بىز تېببىي خادىملارغا ئىھتىرام بىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ «ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، چەكسىز مۇھەببەتنى ئايىمايدىغان» كەسىپ روھىغا ئىھتىرام بىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ «خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇش»تەك مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا ئىھتىرام بىلدۈرىمىز.

ئەڭ ياخشى ئىھتىرام بىلدۈرۈش تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىشتەك ئەمەلىي ھەرىكەت. كەڭ تېببىي خادىملار ئۇدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى، ئىنتايىن جاپا تارتتى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئەمەلىي، سەممىمىي تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىشى كېرەك. تۇرمۇش كاپالىتىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت ۋە دەم ئېلىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، تېببىي خادىملارنى نۆۋەت بىلەن دەم ئېلىشقا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالاقىدار تەمىناتلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياخشى ئارقا سەپ مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. بىخەتەرلىك كاپالىتىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، داۋالاش، مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرىدا ئالدى بىلەن بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارنىڭ ۋە ئاغرىقلارنىڭ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، تېببىي خادىملارنى زوراۋانلىق بىلەن زەخىملەندۈرىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. ئادىمىيەت غەمخورلۇقىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پسىخىكىلىق كىرىزىسقا تەسىر كۆرسىتىش ۋە پسىخىكىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، تېببىي خادىملارنىڭ جىسمانىي، روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىنى ياخشى قوغداش كېرەك. پۈتۈن جەمئىيەت تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاسرىشى كېرەك، تېببىي خادىملار بىرىنچى سەپتە كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، بىز ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇپ، بىللە ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەككە ئايلىنىشىمىز كېرەك.

ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كېلىپ، تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۈچلۈك رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بولغاچقا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىۋاتقان بولغاچقا، مىليونلىغان خەلق جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇۋاتقان بولغاچقا، كەڭ تېببىي خادىملار پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىۋاتقان بولغاچقا، بىز چوقۇم بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز!

(2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)